بسم الله الرحمن الرحيم

# بىزنىڭ دىن پەقەت بىر يەنى ئىسلام

**ئاللاھ بىزنىڭ ھاكىمىدۇر.ئىتائەت ۋە ئىبادەت پەقەت ئاللاھقا خاستۇر . مۇھەممەدۇررەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئىمامىدۇر .ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلىش بىلەندۇر .**
**مۇھەممەدۇررەسۇلۇللاھ ئاللاھ ۋە بەندىلەر ئارىسىدا ئەلچىدۇر . كىمكى رەسۇلۇللاھقا ئىتائەت قىلسا ئاللاھقا ئىتائەت قىلغان بولىدۇ .**

**ئاللاھ تائالا رەسۇلۇللاھنى ئەلچى قىلىپ چۈشۈرگەن قانۇن دىن دەپ ئاتىلىدۇ . ئۇ دىننىڭ ئىسمى ئىسلامدىنىدۇر . ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن :**

**وَرَضِيتُ لَكُمُ الإِسْلاَمَ دِينًا**

ئىسلام دىننى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشقا تاللىدىم(**مائىدە.3**).

**ئاللاھ تائالائۆزىنىڭ نازىل قىلغان دىننى ئىسلام دەپ ئاتىدى ۋە ئىسلام دىن ئۈستىگەئەمەل قىلىشنى ھەممە ئادەملەرگە پەرىز قىلدى . ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن :**

**إِنَّ الدِّينَ عِندَ اللّهِ الإِسْلاَمُ**

ھەقىقەتەن اﷲنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل دىن ئىسلام (دىنى) دۇر(**ئال ئىمران.19**).

**ئاللاھنىڭ دىنىدىن باشقا ھەرقانداق قانۇن ياكى باشقا دىننى ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىگە قويۇپ ئەمەل قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ، كىمكى ئىسلام دىن باشقا ھەرقانداق دىن ياكى قانۇننى ئاللاھنىڭ دىنىدىن ئۈستۈن كۆرسە ياكى توغرا كۆرۈپ ئەمەل قىلسا دىن ياكى قانۇننى تاللىسا ئۇلارغا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ ؛**

**أَفَغَيْرَ دِينِ اللّهِ يَبْغُونَ وَلَهُ أَسْلَمَ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا وَإِلَيْهِ يُرْجَعُونَ**

ئۇلار (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار) اﷲنىڭ دىنىدىن (يەنى ئىسلام دىنىدىن) باشقا دىننى تىلەمدۇ؟ ھالبۇكى، ئاسمانلاردىكىلەر ۋە زېمىندىكىلەر ئىختىيارىي ۋە ئىختىيارسىز رەۋىشتە اﷲغا بويسۇنغان تۇرسا، ئۇلار (قىيامەت كۈنى) اﷲ تەرىپىگە قايتۇرۇلىدۇ(**ئال ئىمران.83**).

**كىمكى ئاللاھنىڭ دىنى دىن باشقا دىننى تاللايدىكەن ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتىدۇ.**

**ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن،**

**وَمَن يَبْتَغِ غَيْرَ الإِسْلاَمِ دِينًا فَلَن يُقْبَلَ مِنْهُ وَهُوَ فِي الآخِرَةِ مِنَ الْخَاسِرِينَ**

كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرى دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر(**ئال ئىمران.85**).

**ئىسلامنىڭ مەنىسى ئىتائەت ۋەبويسۇنۇشتۇر.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن،

**فَإِلَهُكُمْ إِلَهٌ وَاحِدٌ فَلَهُ أَسْلِمُوا**

سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭغا بويسۇنۇڭلار(**ھەج.34**)،

**ئىسلامنىڭ مەنىسى ئۆزىنى باشقىلارغا تاپشۇرۇشتۇر .كىمكى ئىسلام دىنىغا كىرسە شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇردۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ خاھىشى بۇيىچە ماڭمايدۇ ، ئۇنىڭ ھەممە ھەركەت ئىبادەتلىرى ئاللاھنىڭ بۇيرىقى بويىچە بولىدۇ ئۆز مەيلىچە ئەمەس بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى ئىچىدە بۇلىدۇ ،شۇچاغدا ئۇنىڭ سۆزى مۇنداق بۇلىدۇ...**

**قُلْ إِنَّ صَلاَتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلّهِ رَبِّ الْعَالَمِينَ**

(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اﷲ ئۈچۈندۇر.(**ئەنئام. 162**).

**ئىسلامنىڭ مەنىسى باش ئىگىش ۋە بويسۇنۇشمۇ بۇلىدۇ.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن،

**بَلَى مَنْ أَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلّهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ فَلَهُ أَجْرُهُ عِندَ رَبِّهِ**

ئۇنداق ئەمەس، كىمكى ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى اﷲغا تاپشۇرىدىكەن (يەنى اﷲنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ، ئەمەلىنى خالىس اﷲ ئۈچۈن قىلىدىكەن)، ئۇ‏پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋابتىن بەھرىمەن بولىدۇ(**بەقەرە. 112**).

**ئىسلام ھىدايەتتۇر ئىسلام ئىچىدە مېڭىش ھىدايەت تېپىشتۇر،** ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن،

**فَإنْ حَآجُّوكَ فَقُلْ أَسْلَمْتُ وَجْهِيَ لِلّهِ وَمَنِ اتَّبَعَنِ وَقُل لِّلَّذِينَ أُوْتُواْ الْكِتَابَ وَالأُمِّيِّينَ أَأَسْلَمْتُمْ فَإِنْ أَسْلَمُواْ فَقَدِ اهْتَدَواْ وَّإِن تَوَلَّوْاْ فَإِنَّمَا عَلَيْكَ الْبَلاَغُ وَاللّهُ بَصِيرٌ بِالْعِبَادِ**

(ئى مۇھەممەد!) ئەگەر ئۇلار سەن بىلەن (دىن بارىسىدا) مۇنازىرلەشسە: «ماڭا ئەگەشكەنلەر بىلەن بىرلىكتە، مەن ئۆزەمنى اﷲغا تاپشۇردۇم (يەنى اﷲنىڭ ئەمرلىرىگە) بويسۇنغۇچىمىز» دېگىن. كىتاب

بىرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالارغا) ۋە ئۇممىلەرگە (يەنى ئەرەپ مۇشرىكلىرىغا): «مۇسلىمىن بولدۇڭلارمۇ؟» دېگىن، ئەگەر ئۇلار مۇسلىمىن بولسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار يۈز ئۆرۈسە (ساڭا ھېچ زىيىنى يوق)، سېنىڭ پەقەت تەبلىغ قىلىش مەسئۇلىيىتىڭ بار، الله بەندىلىرىنى (يەنى ھەممە ئەھۋالىنى) كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**(ئال ئمران . 20)**.

## قُلْ إِنِّيَ أُمِرْتُ أَنْ أَكُونَ أَوَّلَ مَنْ أَسْلَمَ

.(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى ،«مەن (بۇ ئۇممەت ئىچىدە الله نىڭ ئەمرىگە) بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئەۋۋىلى بولۇشقا بۇيرۇلدۇم.**(ئەنئام. 14)**

<u>ئىسلام بىر نېمەتتۇر ئاللاھتىن ھىدايەت تىلىگەن ئادەم بۇنېمەتنى تاپىدۇ.</u> ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن،

## فَمَن يُرِدِ اللّهُ أَن يَهْدِيَهُ يَشْرَحْ صَدْرَهُ لِلإِسْلاَمِ

الله كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا،ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)**(ئەنئام.125)**،

## أَفَمَن شَرَحَ اللَّهُ صَدْرَهُ لِلْإِسْلَامِ فَهُوَ عَلَى نُورٍ مِّن رَّبِّهِ

الله كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن كەڭ قىلغان، پەرۋەردىگارىنىڭ نۇرى ئۈستىدە بولغان ئادەم (دىلى كور ئادەم بىلەن) ئوخشاشمۇ؟**(زۇمەر. 22)**

**بۇ ئايەتتىن مەلۇم بولدىكى ئىسلام ھىدايەتنىڭ نۇرىدۇر ھىدايەت ئاللاھ تەرەپتىن كېلىدۇ بۇ بىر كىشىنىڭ خىيالى ياكى تەپەككۇرى بىلەن مۇناسىۋىتى يوق.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن،

## فَإِمَّا يَأْتِيَنَّكُم مِّنِّي هُدًى فَمَن تَبِعَ هُدَايَ فَلاَ خَوْفٌ عَلَيْهِمْ وَلاَ هُمْ يَحْزَنُونَ

سىلەرگە مەن تەرەپتىن بىر يول كۆرسەتكۈچى (يەنى پەيغەمبەر) كېلىدۇ، يولۇمغا ئەگەشكەنلەرگە (ئاخىرەتتە) قورقۇنچ ۋە غەم- قايغۇ بولمايدۇ» دېدۇق **(بەقەرە.38)**.

## قُلْ إِنَّ هُدَى اللّهِ هُوَ الْهُدَى

(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «توغرا يول پەقەت اللەنىڭ يولىدۇر»**(بەقەرە.120)**.

**بۇھىدايەت ئىسلام دىنى ئاساسىدا مەيدانغاكەلگەن بۇنىڭدىن كېيىن ھەر قانداق دىن ياكى قانۇنغا ئەمەل قىلىنسا ئۇ ئازغۇنلۇقتىن باشقا ھېچنېمىدە ئەمەس .**

**شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ نازىل قىلغان قانۇن يەنى ئىسلام دىنىغا ئەمەل قىلىشنى پەرىز قىلدى ھەم باشقىغا ئەمەل قىلىشنى ھارام قىلدى** ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن،

**اتَّبِعُواْ مَا أُنزِلَ إِلَيْكُم مِّن رَّبِّكُمْ وَلاَ تَتَّبِعُواْ مِن دُونِهِ أَوْلِيَاء قَلِيلاً مَّا تَذَكَّرُونَ**

(ئى ئىنسانلار!) سىلەر پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن سىلەرگە نازىل قىلىنغان كىتابقا (يەنى قۇرئانغا) ئەگىشىڭلار،اﷲنى قويۇپ ،(جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان، سىلەرنى ئازدۇردىغان) دوستلارغا ئەگەشمەڭلار،سىلەر ۋەز- نەسىھەتنى ئاز قوبۇل قىلىسىلەر**(ئەئراف.3)**.

**ئاللاھ نازىل قىلغان ھىدايىتىنى پۈتۈن قىلدى.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دىگەن،

**الْيَوْمَ أَكْمَلْتُ لَكُمْ دِينَكُمْ وَأَتْمَمْتُ عَلَيْكُمْ نِعْمَتِي**

بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم**(مائىدە.3)**،

**ئى مۆمىنلەر بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ تەپەككۇرقىلىپ بېقىڭلار سىلەرنىڭ دىن پۈتۈنمۇ ياكى پۈتۈن ئەمەس بىر نەرسە ئازمۇ خاتالىق بارمۇ ئەگەر بىر نەرسە ئاز ياكى خاتالىق بولسا بۇ دىن پۈتۈن ئەمەس، شۇنىڭغائىشىنىمىزكى سىلەر بۇ دىننى چۇقۇم پۈتۈن ئويلايسىلەر،**

**ئۇنداقتا ئويلاپ بېقىڭلار بۇ دىن قاچان پۈتۈن بولغان ، سىلەر چۇقۇم دەيسىلەربۇ ئايەت نازىل بولغاندا دىن پۈتۈن بولغان، سىلەر بىلەمسىلەر بۇ ئايەت رەسۇلۇللاھ ۋاپات بۇلۇشتىن تەخمىنەن ئۈچ ئاي بۇرۇن نازىل بولغان ،ئىسلامدىن رەسۇلۇللاھنىڭ ھاياتى ئىچىدە پۈتۈن بولغان،**

**سىلەر يەنە قايتا ئويلاپ بېقىڭلار بۇدىن قايسى قايسى ئىشلار بىلەن پۈتۈن بولغان، ئىككى نەرسەبار قۇرئان ۋە ھەدىس،دىن ئىسلام قۇرئان ۋە ھەدىس ئىچىدىدۇر.**

**ئىسلامنىڭ باشقا مەنبەسى قۇرئان ۋە ھەدىستۇر،مۇشۇ قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن دىن ئىسلام پۈتۈن بولدى،ئۈچۈنچى ھېچقانداق نەرسىنى دىن ئىچىدە قىلىشقابۇرۇنمۇ ھەم ھازىرمۇ ھەم بۇنىڭدىن كېيىنمۇھەم قەتئى بولمايدۇ.**

**ئەگەر دىن ئىچىدە بىرنەرسەكەم ياكى ئاز بولسا دىن ئىچىدەئۈچۈنچى بىر نەرسە قوشۇشقا ياكى تولۇقلاشقا زۆرۈريەت لازىم لېكىن بۇ ئەقىدە قۇرئانغائۇيغۇن ئەمەس بىلىش لازىمكى بۇكۇفرىدۇر .بۇ ئىسلام كامىل دىندۇر شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دىن ئىچىدەھېچبىر دوست ۋە ئادەمنىڭ خىيالى تەپەككۇرى بىلەن سۇئال چىقمايدۇ ۋە دىن ئىچىدە بولمىغان بىر ياخشى ئىشنى دىن ئىچىدە قىلىشقا بولمايدۇ يەنى ئۆزىنىڭ خىيالى تەپەككۇرىنىمۇ دىن ئىسلام ئىچىدە قىلىشقا قەتئى بولمايدۇ .**

ئى كىتاپخانلار: ئىسلام دىنىغا پۈتۈن ئىمان ئېتىقاندىن كېيىن ئۆزۈڭلار توغرۇلۇق ياخشى ئويلاپ بېقىڭلار سىلەرنىڭ دىنىڭلار رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھ تەرەپتىن بىزگەئېلىپ كەلگەن دىنىغا ئوخشاشمۇ ،سىلەرنىڭ دىن قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئوخشاشمۇ ياكى قۇرئان ھەدىستىن باشقا نەرسىلەرنىمۇ سىلەر دىنىڭلار ئىچىدە ھېساپلامسىلەر. ئەگەرسىلەر بۇ دىننى پەقەت قۇرئان ۋە ھەدىس ئىچىدەھېساپلىساڭلارئۇنداق بولسا نېمە ئۈچۈن پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتىڭلار؟ نېمىشقابىر دىن قانۇن ئىچىدە ئەمەس؟ بۇنىڭ سەۋەبى مۇشۇمۇ سىلەر بىر ھىدايەت بىلەن بىللە باشقا ئىشلارنىمۇھىدايەت ھېساپلامسىلەر، بۇراستمۇ سىلەر داموللا ئۆلىمالارنىڭ پىكىر خىيال تەسەۋۋۇرلىرىنىمۇ دىن ھېساپلىۋالامسىلەر ۋەياكى سىلەر قۇرئان ھەدىسنىمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزپىكىرى بىلەن بىللە چۈشنۈۋالامسىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ قانۇننى باشقىلارنىڭ پەتۋاسى بىلەن ئوخشاش ھېساپلىۋالامسىلەر بۇ كۇفرى ئەمەسمۇ ؟

سىلەر دۇنيانى مەزھەپ ئىچىدە كۆرۋاتامسىلەر بەزى پىرقە بەزى پىرقىلەرنى گۇمراھ ھېساپلايدۇ، لېكىن شۇنداق بەزى ئىنسانلار ھەممە پىرقىلەرنى توغرايولدا ئويلايدۇ ، سىلەر بىرەرقېتىم ئويلاپ باقتىڭلارمۇ ؟ بۇ تۆت بەش پىرقىنىڭ ئۆز ئالدىغا بىردىن مەزھەپ ئىسلامى بارمۇ؟ ياكى بۇ تۆت بەش پىرقىنىڭ جەمئى بىر ئىسلامى بارمۇ ؟بىرىنچى گەپنى سىلەر بەك تېزلا ئىنكار قىلىسىلەر،نېمە ئۈچۈن؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى سىلەر ھەر بىر مەزھەپنى پۈتۈن ئىسلام ئويلمايسىلەر ئۇنى ئىسلامنىڭ بىر پارچىسى ئويلايسىلەر ۋە بۇ گەپنى ھېچقانداق بىركىشى قۇبۇل قىلمايدۇ. بىرمەزھەپ ئىگىسى ئۆزىنىڭ مەزھەپنى پۈتۈن ئويلايدۇ، بىرىنچى سۆز ھەربىرمەزھەپ بىر پۈتۈن ئىسلام ھېساپلىنىش . ئۇنداقتا بىزگە بەك مۇشكۇل بولىدۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ھەممە پىرقىلەر ئىچىدە بەك كۆپ ئىختىلاپلار بار ھالال بىلەن ھارام ئارىسىدا پەرىق كۆپ بىر نەرسە بىر مەزھەپ ئىچىدە ھالال بولسا بىر مەزھەپ ئىچىدە ھارام دەيدۇ ۋە سىلەر دەيسىلەر ئىككىلىسى توغرادەپ يەنى ئىككى پىرقىنىڭ مەزھىپى ئىسلام بولىدۇ ئويلاپ بېقىڭلار ھەربىر پىرقىگە پۈتۈن ئىسلام ئېتىقاندىن كېيىن مۇشۇ نەتىجە چىقامدۇ ؟ بىر ئىسلامنىڭ نەچچە ئىسلامى بولىدۇ ؟ بۇ مۇمكىنمۇ؟ بۇ نەتىجە توغرىمۇ؟ قەتئى مۇمكىن ئەمەس. بىر يېڭى مۇسلىممۇ كۆپ ئەنسىرەيدۇ ئەگەر سىلەر شۇ ئادەمگە ھەممە مەزھەپتە ئىختىلاپ بار بولسىمۇ سىز دىن ئىچىدە دەمسىلەر، ئەگەر بىر مەزھەپ ئىچىدە بىر نەرسە ھالال ئۇمۇ ئىسلام شۇ نەرسە باشقا بىرمەزھەپ ئىچىدە ھارام شۇمۇ ئىسلام. ۋاي ئىست بۇ قانداق مۇمكىن ئەگەر شۇ يېڭى مۇسلىمغا مۇنداق دەيسىلەر، قۇرئان ھەدىس ئىچىدەنېمە بار شۇ ئىسلام بولىدۇ بۇ گەپ بەك ياخشى ئەمەسمۇ ؟

ئى كىتاپخانلار پىكىر قىلىڭلار بۇ مەزھەپنى چىقىرشقانېمەزۆرۈرىيەت بارئىدى پەتۋالارنى دىن ئىچىدە قىلىشقا نېمە زۆرۈرىيەت بارئىدى ، قۇرئان ۋە ھەدىس ئىچىدە ئىسلام پۈتۈن بار ئەمەسمۇ ئەگەر ئۇنداق بولمىسا رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەرنىڭ دىن ئىسلامى مۇكەممەل بولمىغان بولار ئىدى

**(ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز)بۇ پەتىۋالار دىن ئىسلامنى نەچچە ئىسلام قىلدى. مۇشۇ سەۋەپ بىلەن بۇ ئۈممەت نەچچە پىرقىگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى قايسى ئىشتىن مەنى قىلغان بولسابۇ ئۈممەت شۇ ئىشنى قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئۈممەت ئىچىدە زىيان كېلىپ چىقتى.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن،

**وَاعْتَصِمُواْ بِحَبْلِ اللّهِ جَمِيعًا وَلاَ تَفَرَّقُواْ**

ھەممىڭلار اﷲنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى اﷲنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار (يەنى سىلەردىن ئىلگىرى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار ئىختىلاپ قىلىشقاندەك، دىندا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار)**(ئال ئىمران.103)**

**ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى ئاللاھنىڭ نازىلقىلغان شەرىئەتتۇر بىلگىنكى ئۇ قۇرئان ھەدىس ساقلىغۇچىدۇر شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىسنى قانۇن قىلغاندىن كېيىن بىزنىڭ ئىتتىپاقلىششىمىز ئاسان بۇلىدۇ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كېتىشتىن ساقلىنالايمىز.**

**ئەھلى كىتاپمۇ كۆپ پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ئاللاھ تائالا ئىمان ئېيتقانلارنى بۇ يامان يولدىن يىراق تۇرشى ئۈچۈن پىرقىلەر گەبۆلۈنىشتىن مەنئى قىلغان.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن،

**وَلاَ تَكُونُواْ كَالَّذِينَ تَفَرَّقُواْ وَاخْتَلَفُواْ مِن بَعْدِ مَا جَاءهُمُ الْبَيِّنَاتُ وَأُوْلَئِكَ لَهُمْ عَذَابٌ عَظِيمٌ**

روشەن دەلىللەر كەلگەندىن كېيىن، ئايرىلىپ كېتىشكەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان كىشىلەر (يەنى يەھۇدىلار ۋە ناسارالار)دەك بولماڭلار، ئەنە شۇلار چوڭ ئازابقا دۇچار بولىدۇ**(ئال ئىمران.105)**.

**يەنەبىرئۇرۇندا ئاللاھ ئەززەۋەجەللەئەھلى كىتاپنىڭ بۇ يامان ئىشدىن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېگەن**

**وَمَا تَفَرَّقَ الَّذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ إِلَّا مِن بَعْدِ مَا جَاءتْهُمُ الْبَيِّنَةُ**

**وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء**

كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت ئۆزلىرىگە روشەن دەلىل كەلگەندىن كېيىنلا ئىختىلاپ قىلىشتى.

ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى اﷲغا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) اﷲغىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى**(بەيىنە.4.5)**.

**لېكىن ئۇلار ئۇنداق قىلمىغان ئۆلىمالارنىڭ پەتىۋالىرى پىرقىلەرنىڭ مەزھەپلىرىنى دىن ئىچىدە ھېساپلىدى.ئۇلار ئاللاھتائالانىڭ بۇيرىغانلىرنى بىلىپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۆلىمالىرنىڭ پەتىۋالىرنى چىك**

**تۇتتى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆلىمالىرىغا ئىبادەت قىلدى . ئاللاھ ئۇلارنى پەقەت ئۆزىگە خالىس ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدۇ.**

**ئى كىتاپخانلار ئويلاپ بېقىڭلار! مۇشۇ ئىشلارھازىرقى پىرقىلەر ئىچىدە بار ئەمەسمۇ ؟ قۇرئان ۋە ھەدىستە ئېنىق دەلىل كەلگەندىن كېيىنمۇ ھەر پىرقە ئىچىدىكى ئادەملەر ئۆزىنىڭ مەزھەپلىرنى چىڭ تۇتىدۇ پىكىر قىلىپ بېقىڭلار بۇ ئىش بۇ ئايەت بىلەن بىلىندۇكى بۇ شىرىك ئەمەسمۇ؟**

**ھازىرقى كىشىلىرىمىز دىن ئىچىدە ئىختىلاپ قىلىشمىساق ياخشى بۇلاتتى ، ئەگەر ئىختىلاپ كېلىپ چىقتى روشەن دەلىل كەلگەن دىن كېيىن بىز ئىختىلاپنى قويساق ياخشى بۇلاتتى بۇ ئىختىلاپنى ئاساس قىلىپ پىرقە پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتمىسەك ياخشى بۇلاتتى قانۇننى بىر قىلساق يەنى قۇرئان ۋە ھەدىسنى دىن ھېساپلاپ ئەمەل قىلساق ياخشى بۇلاتتى.**

**كىشلەرقاچان ئايەت ياكى ھەدىس كۆرسە ئۆزىنىڭ ئەمەلىنى ئالماشتۇرسا ياخشى بۇلاتتى . ئايەت ياكى ھەدىس ئۆزگەرمىسەئۆزىنىڭ ئىختىلاپى ئۈچۈن قۇرئان ۋە ھەدىستىن كۆزىنى ئۇزمىسە ياخشى بۇلاتتى. قۇرئان ۋە ھەدىسكە ئۆزىنىڭ مەزھەپ ئۈچۈن ئۆزگەرمىسە بۇ پىرقىنىڭ لەنىتى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە نازىل بولمايدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ يولى پەقەت بىردۇر بىز پەقەت شۇيولدىدۇرمىز.**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن ،

**وَأَنَّ هَذَا صِرَاطِي مُسْتَقِيمًا فَاتَّبِعُوهُ وَلاَ تَتَّبِعُواْ السُّبُلَ فَتَفَرَّقَ بِكُمْ عَن سَبِيلِهِ**

بۇ مېنىڭ توغرا يولۇمدۇر، شۇ يولدا مېڭىڭلار،ناتوغرا يوللاردا ماڭماڭلار،ئۇلار سىلەرنى الله نىڭ يولىدىن ئايرىۋېتىدۇ **(ئەنئام.153)..**

**فَأَقِمْ وَجْهَكَ لِلدِّينِ حَنِيفًا**

باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن،**(رۇم.30)**

**يەنى ئىسلامدىن باشقا ھېچ قانداق مەزھەپكە بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارنىڭ پۈتۈن مەكزى ئىسلامدا بولسا مەركەز ئىسلام بۇلىدۇ يەنى پەقەت قۇرئان ۋە ھەدىس ئۈستىگە بىر بۇلۇپ ئەمەل قىلىڭلار ئايرىلماڭلار پىرقىگە بۆلۈنۈش ياخشى ئەمەل ئەمەس.** ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن ،

**إِنَّ الَّذِينَ فَرَّقُواْ دِينَهُمْ وَكَانُواْ شِيَعًا لَّسْتَ مِنْهُمْ فِي شَيْءٍ**

دىنىڭدا بۆلگۈنچىلىك قىلىپ تۈرلۈك پىرقىلەرگە ئايرىلغانلاردىن سەن ئادا- جۇداسەن**(ئەنئام.159)؛**

**پىرقىگە بۆلۈنۈش ئاللاھ بەك يامان كۆرىدىغان ئىش ئاللاھ چۇقۇم ئۇنداق ئادەمنى يامان كۆرىدۇ لېكىن بۇگەپ ئەقىلدىن يىراق كىمكى بۇ پىرقىگە بۆلۈنۈشنى يامان كۆرسە نېمە ئۈچۈن پىرقىدىن ئايرىلمايدۇ .** ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن ،

**وَإِنَّ هَٰذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاتَّقُونِ**

(ئى پەيغەمبەرلەر جامائەسى!) سىلەرنىڭ جامائەسى ھەقىقەتەن بىر جامائەسى ، مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلاردۇرمەن، (مېنىڭ ئازابىمدىن) قورقۇڭلار(**مۇئمىنۇن.52**).

**ئاللاھ تائالا بىزنىڭ بىر جامائەت بۇلىشمىزنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇنداق بولسا بىزنېمشقا بىر جامائەت بۇلۇشنى ياخشى كۆرمەيمىز؟ لېكىن بۇگەپ ئەقلىمىزگە كىرمەمدۇ. پىرقە- پىرقىگەبۆلۈنۈپ كېتىش ئاللاھنىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئىختىلاپلاشقان بۇلىدۇ ۋە كىمكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈم بىلەن ئىختىلاپلاشقان بولسا بىزمۇ ئۇنداق ئىشنى ياخشى كۆرمەيمىز .**

**ئى كىتاپخانلار پىكىر قىلىڭلار ئىختىلاپلىشش ۋە بۆلۈنۈپ كېتىشتىن يىراق بۇلۇشنىڭ قانداق ئامالى بار ؟ ئەگەرسىز يۈرىكىڭىز دىن پىكىر قىلسىڭىز بۇ يولدىن چىقىشنىڭ بىر يولى بار. بۇ يول بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ ئىسلام دىنى ئۈستىگەتوغرا ئەمەل قىلىپ پىرقىنىڭ ھەممە مەزھەپىدىن چىقىشمىز كېرەك، ئىسلام ئۈستىگە توغرائەمەل قىلىش ئۈچۈن قۇرئان ۋەھەدىسنى چىڭ تۇتۇشمىز كېرەك، ئەگەر بىرنەرسە قۇرئان ھەدىس ئىچىدە يوق بولسا شۇنىڭ ئۈچۈن پەتىۋابەرمەسلىكىمىز كېرەك، پەتىۋابېرىلمىسە ئىختىلاپ بولمايدۇ ،جامائەتۇل مۇسلىمىن مۇشۇ دەۋەتنى ئىلىپ مۇشۇ ئاساسقا كەلدى پىكىر قىلىڭلار جامائەتۇل مۇسلىمىننىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلىڭلارئۆزىڭلارغا ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىڭلار.**

**جامائەتۇل مۇسلىمىن**